پكولو بلەن پەلسەپە ئۆگىنىمەن (2)

# مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم

ئاپتورى: مايكل پىكمەل — توماس بائاس

تەرجىمە قىلغۇچى: ئاقىلە ئۇيغۇر



ئوتتۇرا شەرق تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

UYGUR.COM

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

پىكولو بىلەن پەلسەپە ئۆگىنىمەن (2)

# مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم

## تەرجىمە قىلغۇچى: ئاقىلە ئۇيغۇر



UYGUR.COM

بۇ كىتاب ئوتتۇرا شەرق تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈركچە نەشرىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى. كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش، ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش مەشغۇلاتى ئىستانبۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ يىل بەش ياشقا كىرگەن قىزىمىز ئاقىلە ئۇيغۇر تەرىپىدىن تاماملاندى. "تاما-تاما كۆل بولار" دېگەندەك، ھەركۈنى يېرىم سائەت ۋاقىت چىقىرىپ بەزىدە بىر-ئىككى جۈملە، بەزىدە تۆت — بەش جۈملە تەرجىمىگە ئىشلەش قىسقىغىنە ۋاقىتتا بىر كىتابنى روياپقا چىقاردى. بەش ياشلىق بالا ئۈچۈن بەكمۇ ئاسان بولمىغان بۇ ئىش، قىلغان ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلگەندە، قىزىمىز ئۈچۈن بەكمۇ كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك بىر ئىشقا ئايلاندى. بىرىنچى كىتابقا ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن قىممەتلىك ئىنكاسلار بالىدا خۇشاللىق، پەخىرلىنىش، ئىشەنچ ۋە قىممەتلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئويغاتتى، ئىككىنچى كىتاب پۈتۈنلەي ئۆز-ئۆزىنى "بۇيرۇش" بىلەن تاماملاندى. بىر سۆز - جۈملىلەرنى تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ بەردۇق. بۇ كىتاب كىچىك قىزىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ يېشىدىكى دوستلىرىغا سوۋغا قىلغان ئىككىنچى كىتابى. بۇنىڭدىن ئۇ ئىنتايىن خۇشال. ھەممىمىزگە خۇشاللىق يار بولغاي!

2021-يىلى 9-ئاي، ئىستانبۇل

UYGUR.COM

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**ئاتا- ئانىلار سەمىگە،**

بەش ياشلىق بىر بالىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا ئىككىنچى بىر تىلدىمۇ ساۋاتلىق بولالىشى تامامەن مۇمكىن. بولۇپمۇ 32 تاۋۇش، باش، ئوتتۇرا، ئاخىرقى ھەرپلىرىنى قوشقاندا 144 كە يېقىن ھەرپ شەكلى بولۇپ كېتىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋاتلىق بولغان بىر بالا ئۈچۈن ئىككىنچى بىرتىلى تۈرك تىلى بولسا، پەقەت 15 مىنۇت تامامەن قوشۇپ ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە يېتىدۇ. ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى بولغان بالىلارنىڭ تىلى ئىنتايىن ئەۋرىشىم بولىدۇ، ھەرقانداق تىلغا ئاغزى كېلىدۇ، نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى بىزدە بەزى تىللاردا يوق بولغان «غ، ژ، ق، ڭ...» تاۋۇشلىرى بار. بۇ ھەرپلەرنىڭ رولىنى ھەرگىز سەل چاغلىماڭ، ئەگەر بۇ ھەرپلەرنى بىلمىسە، ياكى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىسا بالىلار «قۇرئان» دېيەلمەي «كۇرئان»، «ياڭاق» دېيەلمەي «ياناك»، «قوغۇن» دېيەلمەي «كاۋۇن» دەپ چوڭ بولىدۇ.

بالىلارنىڭ تەلەپپۇزى قانچە توغرا ۋە ئېنىق بولسا تەسەۋۋۇرى، تەپەككۇرى شۇنچە جانلىق بولىدۇ، بۇ ئەقلى روشەن بولىدۇ، دېگەنلىك. شۇنداقلا بىلگەن بالىنىڭ تېخىمۇ بىلگۈسى كېلىدۇ، بىلگەنسېرى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاجىز، مىسكىن ئەمەس، بەلكى مەغرۇر ۋە جانلىق تۇتالايدۇ، قىسقىسى ئۆزىنى ۋە تەۋەلىكىنى بىلىپ چوڭ بولىدۇ.

بىزدىكى نۆۋەتتىكى مەسىلە دەل شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، چەتئەللەردە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ قايسى توپقا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ-دە، كۆزىنى يۇمۇپلا ئۆزىنى قايسى توپ جەلپ قىلسا شۇنىڭغا بېشىچىلاپ ئاتىدۇ، ئەمما ئۆمۈر بويى توشمايدىغان بىر بوشلۇقنى ھېس قىلىدۇ. مانا بۇ بوشلۇق دەل بىز جان دىلىمىز بىلەن قوغداشقا تىرىشىۋاتقان مىللى مەۋجۇتلۇق، يەنى ئۆزلۈك ئېڭىمىزدۇر، ئۇيغۇرلۇقمىزدۇر. ئۇيغۇر بولۇش- ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرچە سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىشنى بىلىش، قىسقىسى ئىشلىتىشنى بىلىشىمىز كېرەك دېگەنلىكتۇر. مىللى مەدەنىيىتىمىزنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يوللىرىدىن بىرى باللىرىمىزغا ئۇيغۇرچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىش، ۋە ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلىتىشكە يېتەكلەشتۇر. ئۈمىدىمىز باللاردا....




پىكولو ئۇ كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا، ئۆدۈل ياتاق ئۆيىگە كىرىپ چاقلىق ئايىغىنى كىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئاپىسى سورىدى:

- پىكولو نېمە قىلىۋاتىسەن ؟
- تېشىغا چىقىپ ئوينايمەن.
- ئەمما بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭغۇ دەيمەن؟ يالغۇز تالاغا چىقىپ ئويناش ئۈچۈن سەن تېخى كىچىك.

www.uyghurkitap.com




- ئەگەر خالىسىڭىز يېنىمدا تۇرسىڭىز بولىدۇ، - دېدى پىكولو. ئاپىسى بولسا:

- بۇنىڭغا ۋاقتىم يوق، مەن كۆرۈشكە تېگىشلىك بىرمۇنچە ماتېرىياللار بار، - دەپ جاۋاپ بەردى.

- ھەر ۋاقىت ئوخشاش گەپ، چوڭلارنىڭ ھېچقاچان ۋاقتى يوق! ئاندىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە كىچىك ئويۇنچۇق ماشىنىسىنى ئويناشقا باشلىدى.



بىردەمدىن كېيىن دادىسى ئاشخانىدىن توۋلىدى:

- پىكولو ماڭا ياردەم قىلىپ بۇ ياڭيۇلارنى ئاقلىشىپ بېرەمسەن ؟ ئەمما پىكولو كىچىك ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ئويۇنچۇق ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئويىنىغاچ دادىسىغا:

- ۋىڭ...ۋىڭ....!- دەپ جاۋاپ بەردى.

دادىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

- كېلە قېنى، بۇ ياڭيۇلارنىڭ ئۇخلاش كىيىمىنى سالدۇرۇشقا باشلا، خالامسەن ؟

- ياق، ياق...- دېدى پىكولو، - مەن تېخى كىچىك تۇرسام، قولۇمنى كېسىۋېلىشىم مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com



شۇ چاغدا ئاپىسى ئىشكىتىن بېشىنى چىقىرىپ:

- ئەگەر داداڭغا ياردەم قىلىشنى خالىمىساڭ، ھېچ بولمىغاندا ئۈستەلنى تەييارلىساڭمۇ بولىدۇ، - دېدى .

- ئەمما بەك ئوبدان بىلىسىز، مەن تېخى كىچىك تۇرسام، بۇنى سىز دېدىڭىز، بىرەر تەخسە ياكى ئىستاكاننى چېقىۋېتىشىم مۇمكىن!- دەپ جاۋاب بەردى پىكولو .



- ھىم، چۈشەندىم، ئويناشقۇڭ كەلدى، شۇنداقمۇ؟ سەن چوڭ ئادەم ئەمەس، ئەمما ھازىر بوۋاقمۇ ئەمەس!

- ئەمدى چوڭ بولۇشنى خالىمامسەن؟ مۇشۇنداق بولغاندا يەنە جىق ئىشلارنى قىلىشقا رۇخسەت قىلغىلى بولىدۇ،- دەپ قوشۇپ قويىدى دادىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



- ياق، - دەپ جاۋاب بەردى پىكولو:

- چوڭلار دائىم ئىشلەيدىكەن، ماتېرىياللار بىلەن ھەپىلىشىدىكەن، توك پۇلى تۆلەشكە مەجبۇركەن.

- ئەمما بىلىشىڭ مۇمكىن، چوڭلار يەنە كۆڭۈل ئېچىشنىمۇ بىلىدۇ، قارا ! ياڭيۇ ئەزمىسىدىن دېگىز ياسىدىم!



- مەن، - دېدى پكولو:

- ھەردائىم كىچىك تۇرۇشنى خالايمەن... سىز ۋە ئاپام بىلەن...

— ھىم، ئۇنداقتا چوڭلارغا ئوخشاش داستىخاندا ئولتۇرماي، تاتلىق تۇرۇم يېيىش ئۈچۈن ئورنۇڭدا ئولتۇر!



- ئەمدى مېنىڭ كىچىك قوزام، ئۇدۇل بېرىپ چىشلىرىڭنى چوتكىلا، ئاندىن كارۋىتىڭغا چىقىپ ساقلا، بىز كىرىپ ساڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىمىز.



پىكولو ھېكايە ئاڭلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى.

ئەمما ئاپىسىنىڭ بۇ قېتىم باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى بار ئىدى:

- بۇ كىتاپتىكى، - دېدى ئاپىسى:


- سەن يادقا بىلىدىغان بىر ھېكايە، بۇ قېتىم سەن ماڭا ئوقۇپ بەرگىن، بولامدۇ؟

- بولىدۇ، ماقۇل، - دېدى پىكولو:

- مەن بېشىنى ئوقۇي... ئەمما سىزمۇ داۋامىنى ئوقۇڭ، ماقۇلمۇ؟

ئاپىسى كۈلۈمسىرىدى ۋە ئىككىسى بىللە تومۇ تاغىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com



ھېكايە تۈگىگەندىن كېيىن ئاپىسى چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ مېھمانخانىغا كىردى.

يەنە نېمە بولغاندۇ؟ ئانىسى ئەمدى كىرىسلوغا ئولتۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بىرى بۇرنىنى تارتىشقا باشلىدى، ئەۋەتتە بۇ پىكولو ئىدى!

- نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟- دەپ سورىدى.



- بىز كىنو كۆرۈۋاتىمىز، - دېدى دادىسى.

- مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كۆرسەم بولامدۇ؟

- ياق، - دېدى دادىسى، - سەن تېخى كىچىك، سەن بالدۇر يېتىشىڭ كېرەك!

- ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىنو سېنى قورقۇتۇۋېتىدۇ، - دېدى ئاپىسى:
- بۇ كىچىك باللار كۆرىدىغان كىنو ئەمەس، تېز بول، ئەمدى كارۋىتىڭغا چىق!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
www.uyghurkitap.com



-ئەمما سەن چوڭ بولغاندا بىز بىللە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرىمىز،
چوقۇم،- دەپ قوشۇپ قويىدى دادىسى.

پىكولو ئازراق ئاچچىق بىلەن:

- مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم!- دېدى. ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ
بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.



پىكولو كارىۋاتتا چىقىپلا ئىغلاشقا باشلىدى:

-مەن چوڭ بولدۇم، مەن چوڭ بولدۇم... سىلەرگە چوڭ بولغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ئەتىسى ئەتىگەندە پىكولو ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى.

ئاپىسى بىلەن دادىسى ئويغىنىپ، ئۈستەلدە ناشتىلىقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى كۆردى:

- كۆردۈڭلارمۇ؟- دېدى پىكولو:

- مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم، جىق ئىشلارنى قىلالايمەن...



ھەم گۈللەرگىمۇ سۇ قۇيدۇم.

- ھە، بىزمۇ كۆردۇق، ئەمما بەك جىق سۇ قۇيۇۋېتىپسەن!- دېدى دادىسى ۋە تەشتەك ۋە تەخسىسىدىكى ئارتۇق سۇلارنى تۆكۈۋەتتى.




- يەنىلا ساڭا ئاپىرىن، - دېدى ئانىسى.
- توغرا، ساڭا ئاپىرىن، كىچىك پىكولو قوزام...



- ھە، بىلىشىڭ مۇمكىن،- دېدى دادىسى، - بۈگۈن ئىشقا بارمايمەن... بىللە ئويۇن ئوينايلى، مۆكۈشمەك ئوينىساق قانداق؟

-ئوھ...! مۆكۈشمەك پەقەت بوۋاقلارنىڭ ئويۇنى، مەن سىلەرگە چوڭ بولدۇم، دېدىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



-... ئەمما باغچىغا بېرىپ توپ ئوينىساق بولىدۇ!

- سەن خالىساڭ شۇنداق بولسۇن،- دېدى دادىسى بىرئاز پەرىشان ھالدا.

ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

- قېنى، داداڭنى يېڭىش ئۈچۈن تەييار بول قوزام.

**نەشر ھوقۇقى ھەققىدە ئەسكەرتىش:**

بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشىرى ئۇيغۇر توربىدا ئېلكىتاب سۈپىتىدە ھەقسىز تارقىتىلدى. ھېچقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئەسلى نەشىر ئىگىسى بولغان ئوتتۇرا شەرق تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ۋە تەرجىمە ئاپتورىنىڭ رۇخسىتىسىز بېسىپ تارقىتىشىغا بولمايدۇ.

ئېلخەت ئادرېسى: kitab@uygur.com

**ئۇيغۇر تورى**

**UYGUR.COM**